# مىڭ بىر كېچە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مىڭ بىر كېچە

③

تەرجىمە قىلغۇچى: پاتىگۇل مىجىت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

一千零一夜.3/晓明编著;帕提古丽·米吉提译.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.11(2008.4 重印)

根据上海人民美术出版社 2001 年 4 月汉文版译出。

ISBN 978—7—228—08403—6

Ⅰ.一… Ⅱ.①晓…②帕… Ⅲ.民间故事—作品集—阿拉伯半岛地区—维吾尔语(中国少数民族语言)

Ⅳ.1371.73

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 099941 号

# 一千零一夜(3)

(少儿版)


| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 再米拉·菲达 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐八家户彩印厂 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 2.625 |
| 版　　次 | 2003 年 11 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 4 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 4001—9000 |
| 定　　价 | 5.50 元 |

بۇ كىتاب شاڭخەي خەلق گۈزەل سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2001 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 2001 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

# مىڭ بىر كېچە (3)

(بالىلار نۇسخىسى)

**تۈزگۈچى :** شاۋمىڭ
**تەرجىمە قىلغۇچى :** پاتىگۈل مىجىت
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى :** زەمىرە پىدائى
**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى :** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991—2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى :** ئۈرۈمچى باجىياخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 2.625
**نەشرى :** 2003 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى :** 2008 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
**تىراژى :** 4001—9000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—08403—6
**باھاسى :** 5.50 يۈەن

# مۇندەرىجە


بىنبو بىلەن ئېشەكنىڭ ھېكايىسى ................ 1
قاغا بىلەن زەھەرلىك يىلاننىڭ ھېكايىسى ......... 7
سىندبادنىڭ دېڭىز سەپىرىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى .... 9
بىرىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ................ 11
ئىككىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى .............. 19
ئۈچىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ............... 29




此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

تۆتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى .................... 38
بەشىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى .................... 62



# شەھرىيار بىلەن شەھرىزاد

قايسى يىللاردا يۈز بەرگەن ئىش ئىكەنلىكى نامەلۇم، ئىشقىلىپ، بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا يىراقتىكى شەرقتە شەھرىيار ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. خانىشى ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ شۇنچىلىك دەرغەزەپكە كەپتۇكى، بۇ دۇنيادا ئايال زاتىنى قويماي ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قەسەم قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈندە بىر خوتۇن ئېلىۋېرىپتۇ، تاڭ ئېتىپ كۈن چىقىشى ھامان ئۇ خوتۇنلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.



كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بۇ پادىشاھنىڭ زېمىنىدا ئايال كىشىنىڭ ئۇرۇقىمۇ قالماپتۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇ ئاياللارنىڭ ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، قالغانلىرى تاغۇدەشتلەرگە، چۆل - باياۋان-لارغا جېنىنى ئېلىپ قاچقانىكەن. لېكىن، ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمار بولۇپ قالغان پادىشاھنىڭ بولدى قىلغۇسى كەلمەپتۇ. ئۇ ۋەزىرىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، زەردە بىلەن:

— بۈگۈن كۈن ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى ياش، چىراي-لىق قىزدىن بىرنى تېپىپ ئالدىمغا ئەكەلمەيدىكەنسەن، كاللاڭنى ئالىمەن! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

ۋەزىر ئىزدەپ ئاۋارە بولماي، غەم - قايغۇدىن بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۇدۇل ئۆيىگە كەپتۇ. چۈنكى، بۇ ئەلدە جې-نىنى ئېلىپ قاچمىغان بىرلا قىز قالغانلىقى، ئۇ قىزنىڭ دەل ئۆزىنىڭ ئە-قىللىق، ئوماق قىزى شەھ-



-رىزاد ئىسكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىكەن. شۇغىنىسى، ئۆزد-
نىڭ جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان قىزىنى پادىشاھقا بېرىپ
ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشكە ئۇنىڭ يۈرىكى قانداقمۇ چىدىسۇن!
ئاتىسىنىڭ كۆن بويى يېمەي - ئىچمەي، ئاھ ئۇرۇپ
ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن شەھرىزاد ئاتىسىدىن نېمە بولغان-
لىقىنى سوراپتۇ، سەۋەبىنى بىلگەندىن كېيىن قىلچىمۇ
ئىككىلەنمەستىن:

— ئاتا، ئوردىغا كىرىپ پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولاي! —
دەپتۇ.

— ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، قىزىم! — دەپتۇ چۆچۈپ
كەتكەن ۋەزىر، — پادىشاھنىڭ قانخورلۇقىنى بىلمەسەنغۇ.

شەھرىزاد كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈككەندەك مىيىقىدا
كۈلۈپ قويۇپ دەپتۇ:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، بۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم بار. بىر
بولسا پادىشاھنى خۇنخورلۇقتىن
توسۇپ قالارمەن.



باشقا ئىلاج تاپالمىغان ۋەزىر قىزىنىڭ دېگىنىگە ئامالسىز كۆنۈپتۇ. ئۇ قىزىنىڭ كىتاب ئوقۇشقا خۇمار، نۇرغۇن بىلىم ئالغان، ئەقىل - پاراسەتلىك قىز ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. بۇ ئەلدىكى بارلىق ئايالنىڭ ئەقلىنى يىغسىمۇ قىزىنىڭكىگە يەتمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئامالىم بار دەۋاتقاندىكىن، ئۇنىڭ چوقۇم ئامالىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىكەن.

كەچقۇرۇن شەھرىزاد ئوردىغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ چېھرىدىكى يېقىملىق كۈلكىنى، گۈزەل رۇخسارىنى، لاتاپەتلىك تۇرقىنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئاياللارنى كۆرگەندە تۇتىدىغان جۇدۇنى ئاللىقاياقلارغا غايىب بوپتۇ. ئۇ كۆزلىرىنى جامدەك ئاچقان پېتى زۇۋان سۈرەلمەي قاپتۇ. «ئاجايىپ قىزدەك قىلىدۇ. بوپتۇ، بىر كېچىنى شادلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋالسۇن، — دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ، — بەرىبىر ئەتە تاڭ ئېتىشىغىلا ئۆلىدۇ».

شەھرىزاد پادىشاھنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپتۇ. ۋاقىت ئاستا - ئاستا ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. ھەر ئىككىلىسى ئۆز خىيالى بىلەن لام - جىم دېيىشمەپتۇ. بىردەمدىلا ئۇخلايدىغان چاغ بوپتۇ. شۇ ئەسنادا شەھرىزاد:

— شاھىم، بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېچەم ئىكەنلىكى ماڭا ئايان. شۇنداق بولسىمۇ كۆڭۈللىرىنى شاد ئەيلەشنى خالايمەن. ئۇزۇن تۈننى قىسقارتىش ئۈچۈن، سىلىگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىشىمگە ئىجازەت بەرگەيلا، — دەپتۇ.

— پاھ، بۇ قالتىس گەپ بولدىغۇ، — دەپتۇ پادىشاھ شەھرىزادنىڭ قولىدىن تارتىپ خۇشاللىق بىلەن، — ئەي گۈزەل قىز، ھېكايىڭىزنى ئاڭلاشقا خۇشتارمەن، قېنى باشلاڭ ئەمسە!

دېمىسىمۇ، پادىشاھ ئايال زاتىنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ، ھەرقانداق ئايال ئۇنىڭ ئالدىدا لاغ-لاغ تىترەپ، ھېكايە ئېيتىش تۇگۇل ئاۋازىنىمۇ چىقىرالمايدىكەن. بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ تولىمۇ ئىچى سىقىلىدىكەن.

شەھرىزاد تېنىمەي-تەمتىرىمەي ھېكايىسىنى باشلاپتۇ. ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى تولىمۇ قىزىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھرىزاد ۋەقەلىكنى تولىمۇ ئوبرازلىق سۇرەتلەپ بەرگەچكە، ئۇنىڭ ھېكايىسىگە پادىشاھلا ئەمەس، بەلكى مۇلازىملارمۇ مەپتۇن بوپتۇ...

بىلىپ-بىلمەي تاڭ ئېتىپتۇ، دەرپەردىلەر شەپەقتىن قىزغۇچ نۇر ئاپتۇ، شەھرىزاد ھېكايىسىنى زوق-شوق بىلەن ئېيتىۋېرىپتۇ.

« پاھ، ئۆمرۈمدە بۇنداق ياخشى، بۇنداق قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دەپ ئويلاپتۇ





此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

پادىشاھ، — ئۇنى ئۆلتۈرىدىغان چاغ بوپقالدى، شۇغىنىسى ئۇ-
نىڭ ھېكايىسى تېخى... بوپتۇلا، ئۇ يەنە بىر كېچە ياشى-
ۋالسۇن، ھېكايىسىنى سۆزلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆل-
تۈرسەممۇ كېچىكمەسمەن».
تۇنجى كېچە مانا مۇشۇنداق تىنچ-ئامان ئۆتۈپ كې-
تىپتۇ. ئىككىنچى كېچىسى شەھرىزاد تېخىمۇ ئېسىل
ھېكايىسىنى باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇ-
سى كەپتۇ. بىراق، ئۆلگەن ئادەم ھېكايە ئېيتالمايدىغانلىقى
ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە كۆزى قىيماپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن شەھرىزاد يەنە بىر كېچىنى ھايات ئۆتكۈزۈۋې-
تۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۈچىنچى كېچە، تۆتىنچى كېچە...



لەردىمۇ ئامان قاپتۇ. ئۇنىڭ ھېكايىسى بىر - بىرىدىن قىزىق بولغاچقا، پادىشاھنىڭ ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇسى كېلىۋېرىپتۇ. ئۇ پادىشاھقا ھېكايە ئېيتىپ بېرىش بىلەن، مىڭ بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەن چاغدا، پادىشاھ تەسىرلەنگىنىدىن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئى، ياخشى قىز، مەن سېنى ھەرگىزمۇ ئۆلتۈرمەيمەن. مېنىڭ خانىشىم بولغىن. ئەمدى مەن ئاياللارنى ھەرگىزمۇ ئۆلتۈرمەيمەن. بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغىن!

شەھرىزاد قۇتۇلۇپ قاپتۇ. شۇنداقلا ئۇ بۇ ئەلدىكى بارلىق ئاياللارنى قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن ئاياللار كەينى-كەينىدىن ماكانلىرىغا قايتىپ كېتىپتۇ. شۇ-



نىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئەل ئاسايىشلىققا چۆمۈپتۇ.

كىچىك دوستلار! شەھرىزاد پادىشاھقا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلەرنى سىلەرنىڭمۇ ئاڭلىغۇڭلار باردۇ؟! ئەمدى ئوقۇيدىغىنىڭلار، شەھرىزاد ئاشۇ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن مىڭ بىر كېچىدە پادىشاھقا ئېيتىپ بەرگەن ھەم ئۇنى تەسىرلەندۈرگەن مىڭ بىر كېچە ھېكايىلىرى!



# بېلىقچى بىلەن دىۋىنىڭ ھېكايىسى

## *بېلىقچى بىلەن دىۋە*

دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز بويىدا ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان بىر بېلىقچى بوۋاي ياشايدىكەن. ئۇ بېلىق تۇتۇپ ئۈچ ئوغلى بىلەن ئائىلىسىنى باقىدىكەن. ئۇنىڭ كۈنلىرى بەك غورىگىل ئۆتسىمۇ، قىزىق بىر مىجەزى بار ئىكەن. يەنى تورىغا قانچىلىك بېلىق چۈشۈشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر كۈنى دېڭىزغا پەقەت تۆت قېتىملا تور سالىدىكەن، ھەرگىزمۇ بەشىنچى قېتىم تور سالمايدىكەن. بىر كۈنى چۈشتە، ئۇ ئادىتى بويىچە دېڭىز بويىغا كېلىپ تور ساپتۇ. تورنى يىغىدىغان چاغدا قارىسا تورى بەكمۇ ئېغىر بىلىنىپتۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: « ھە، ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىغۇ بۇ، تورغا خېلى جىق بېلىق چۈشكەن ئوخشايدۇ » دەپ ئويلاپتۇ.
شۇغىنىسى، ئۇ تەرلەپ - تەپچىرەپ



تورنى تارتىپ ئاچىقىپ شۇنداق قاراپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. تورغا كىچىك بىرەر تال بولسىمۇ بېلىق چۈشۈشنىڭ ئورنىغا يوغان بىر ئېشەكنىڭ ئۆلۈكى چۈشۈپتۇ.

بەكمۇ ئۈمىدسىزلەنگەن بېلىقچى بوۋاي تورنى يىغقاچ ئۆز - ئۆزىگە: « نەچچە ئون يىل بېلىقچىلىق قىلىپ بۇنداق غەلىتە ئىشقا ئۇچراپ باقمىغانىدىم. ئىككىنچى قېتىم سالغان تورۇمدا تەلىيىم كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ غۇدۇرىغاچ، تورنى ئىككىنچى قېتىم ساپتۇ. لېكىن، ئۇ تورنى زور ئىشەنچ بىلەن تارتىپ قىرغاققا ئاچىقىپ قارىسا، ئىچىگە لىق قۇم توشۇپ قالغان، پۇچۇلۇپ كەتكەن بىر كوزا تۇرغۇدەك.

«مەرتەم - مەرتەم، ئۇچ مەرتەم» دەپ ئۆزىگە مەدەت بېرىپتۇ



بېلىقچى بوۋاي ۋە ئۈچىنچى قېتىم تور ساپتۇ. كۆڭلى
دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالغان بېلىقچى بوۋاي خېلى بىر-
ھازادىن كېيىن ئاندىن تورنى تارتىپ چىقىرىپتۇ. بۇ قېتىم
تورغا چۈشكىنى لاي - لاتقىلار، ئەخلەت - چاۋارلار بوپتۇ.
قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە پاتقان بېلىقچى بوۋاي ئاسمانغا قا-
راپ نالە قىپتۇ:

«ئى تەڭرىم! ھەر كۈنى پەقەت تۆت قېتىملا تور
تاشلايدىغىنىمنى بىلىسەنغۇ، ئەمدى مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى
قېتىم تور تاشلىشىم قالدى. بۇ قېتىمغۇ مەندەك جاپاكەش
بىچارىنى نائۈمىد قويماسسەن!»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممىگە قادىر ئاللاغا ئىدا قىلىپ تۇرۇپ
تورىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم دېڭىزغا تاشلاپتۇ، ناھايىتى
ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىغاندىن كېيىن تورىنى ئاستا تارتىشقا
باشلاپتۇ، لېكىن تور خۇددى دېڭىز تەكتىگە چاپلىشىپ
قالغاندەك ھەرقانچە كۈچەپ تارتىپمۇ مىدىرلىتالماپتۇ.

بېلىقچى بوۋاي ئامال-
سىزلىقتىن كېيىملىرىنى





此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com